# دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

2001-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى، قاتار دوھادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO)نىڭ 4-نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش قانۇن ھۆججىتىنىڭ ماقۇللىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئاخىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

1986-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى، جۇڭگو تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنى تۈزگۈچى دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى رەسمىي سۇندى. 1995-يىلى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ ئورنىنى ئالدى، جۇڭگونىڭ تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۆھبىتىمۇ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش سۆھبىتىگە ئۆزگەردى. 1997-يىلى 8-ئايدا، جۇڭگو يېڭى زېلاندىيە بىلەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ بازار ئىجازىتى سۆھبىتىنىڭ ئىككى تەرەپلىك كېلىشىمىنى ئىمزالىدى، يېڭى زېلاندىيە جۇڭگو بىلەن ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرغان تۇنجى غەرب دۆلىتى بولۇپ قالدى. 1999-يىلى 11-ئايدا، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم ھاسىل قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ WTOغا كىرىشىدىكى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم. 2000-يىلى 5-ئايدا جۇڭگو ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 2001-يىلى 9-ئايدا، جۇڭگو مېكسىكا بىلەن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى توغرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك بازار ئىجازىتى سۆھبەتلىرى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

2001-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى، قاتار دوھادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش قانۇن ھۆججىتى ماقۇللاندى، بۇ، 15 يىل جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئاخىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 11-كۈنى دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا رەسمىي كىرىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ 143-ئەزاسى بولدى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىش ئېقىمىغا ماسلىشىش، خەلقئارا رىقابەت ۋە ھەمكارلىققا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشتىكى ئاكتىپ قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش دۆلىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خەلقئارا مۇھىت يارىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11-ئاينىڭ 8-كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار، تارماقلار پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنىنى تېزدىن قوزغىدى

# «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» ئۈچۈن شىنجاڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ھەمدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى:

**سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز**

11-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ھەمدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى ھەم مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئورگىنىدىكى ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى كەڭ كادىر - ساقچىلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئۇنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىش، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، خەلق ئۈچۈن قانۇن يۈرگۈزۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدە نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تەلەپلىرى بويىچە، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى كاپالەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەرقايسى شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، ھەمتۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، «ئىككى بىر پونكىت شەكلى»دىكى دەۋا مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشنى ئاشكارىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى:

**ئەڭ زور چەكتە قانۇن - تۈزۈم كۈچ - قۇدرىتىنى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرىمىز**

11-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بېكىتكەن ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەپتىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېز ھەم پۇختا قەدەم بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپارات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق دەۋا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا تىرەكى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەپتىش قىلىش تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشى، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قانۇنچىللىقنىڭ ئىشەنچلىك، ھوقۇقنىڭ كاپالەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ھەربىر ئەدلىيە دېلولىرىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر ۋاقىت، ھەرجايدا قانۇن - تۈزۈمنى ئۆلچەم قىلىپ، باشتىن - ئاخىر قانۇن - تۈزۈم بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ زور چەكتە قانۇن - تۈزۈم كۈچ - قۇدرىتىنى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى:

**ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز**

11-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كەڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىشى، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاساسىي مەقسەت مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە، پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە «خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇنچىل جامائەت خەۋپسىزلىكى قۇرۇش جەھەتتە ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش ئومۇمىي تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، تۈزەپ، جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى:

**ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز**

11-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى پارتكومى يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى ھەم مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، تۈرمە رايونى(چوڭ ئەترەت)نىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش؛ قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، يەرلىك نىزام، ھۆكۈمەت قائىدىسى، مەمۇرىي قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەتلەرنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى زىچ چۆرىدەپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، زورايتىپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**(مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، ياڭ شۈخەن، سۈي يۈنيەن يازغان)**

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزۈمدىن باشلايمەن

جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى
ئاخبارات داڭلىق مەخسۇس ئىستونى

**□ كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى زۇلخۇمار ئەركىن**

مەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلىغان بىر ياش كادىر. مەن ئاساسىي قاتلام كادىر ئائىلىسىدىن، كەلپىندە تۇغۇلۇپ، كەلپىندە چوڭ بولۇپ، كەلپىندە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، خىزمەت قىلدىم. بالىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا ئائىلىمىز ھەر مىللەت قوشنىلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، قوشنىلار ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ، خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتەتتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە كىچىك ۋاقتىمدا، مېنىڭ ئۆيۈم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا بولۇپ، بىر كوچىدا بىر نەچچە ئائىلە ئولتۇراقلاشقانىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئائىلە «شياۋلىزى رېمونتخانىسى» ئىدى. بىز بىر قانچە ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ھەر قېتىملىق بايرام، دەم ئېلىش كۈنىدە، بىر نەچچە ئائىلە كىشىلىرى بىللە تاماق ئېتىپ، تاماق يەپ، پاراڭلىشاتتۇق، ئاشۇ ئىللىق كۆرۈنۈشلەر ئىزچىل مېنىڭ ئېسىمدە ساقلاقلىق، مەن باشتىن - ئاخىر ئاشۇ سەممىي چىن دوستلۇقنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئۆسۈپ يېتىلىش سەرگۈزەشتىمنى ئەسلىسەم، ھەممىسىدە ھەرقايسى مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئىناق ئۆتۈپ، سىڭىپ - مېنىڭ دېيىشمەيدىغان، بىرلىكتە خۇشاللىققا چۆمۈپ ئىللىقلىققا تولغان كۆرۈنۈشلەر بار.

كىچىك ۋاقتىمدا، كەلپىن ناھىيە بازىرىدا بىرلا چوڭ كوچا بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتەتتى، سەل چوڭراق ئىككى دۇكانلا بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ چاغدىكى «چې نىڭ تاللا بازىرى»نىڭ دۇكان ئىگىسى خۇڭ فامىلىلىك بوۋاي ئىدى، مەن ۋە دوستلىرىم بۇ دۇكانغا بەك ئامراق ئىدۇق، ھەر قېتىم دۇكانغا بارغىنىمدا ئۇ مېنى «ئەركىنىنىڭ قىزى» دەپ چاقىراتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ مېنى ئەركىلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھەر قېتىم دۇكاندىن ئايرىلىدىغان چاغدا بوۋاي ماڭا بىرنەچچە سېغىز كەمپۈت بېرەتتى، دەسلەپتە مەن خىجىل بولۇپ ئالمايتتىم، بىراق بوۋاينىڭ «قىزچاق، ئېلىۋە» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن رەت قىلالمايدىغان بولدۇم. ھازىرغىچە، سېغىز كەمپۈتنى كۆرسەملا خۇڭ بوۋاينى ئەسلەيمەن. بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتكەن قوشنىدارچىلىق مېھرىدىن، قېرىنداشلاردەك ساۋاقداشلىق مېھرىدىن، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان يېقىن دوستلۇق مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز.

كىچىك ۋاقتىمدا، ھەر مىللەت دوستلىرىم بىلەن بىللە بازار ئايلىناتتۇق، بىللە لەغمەن يەيتتۇق، سامسا يەيتتۇق. ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىمىز بەرگەن پارچە پۇللار ئاز بولغاچقا، بىز دائىم بىرلا سامسا سېتىۋېلىپ، ئۇ بىر چىشلەمدىن، بۇ بىر چىشلەمدىن ناھايىتى مەززە قىلىپ يەيتتۇق، كۆپچىلىك دائىم خۇشال - خۇرام ھالدا بازاردىكى ئېسىل تائاملاردىن بەھرىمەن بولاتتۇق.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئىتى. بىر دۆلەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق «بەش قاراش» ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلايمەن. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى ئۆزۈمدىن باشلاپ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن.

# «شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ياسىمچىلىقى» ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويدى

(بېشى 1-بەتتە)

«بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسى جولاڭ ئەقلىي ئىقتىدار يېڭى تەتقىق قىلىپ ياسىغان بىر خىل يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، بۇ قېتىم ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە ئاسىيا بويىچە تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە قىلىندى. تولۇق ئاپتوماتىك ئايلانما لوڭقىلىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرالايدىغان كارخانىدىن ھازىر دۇنيادا ئىككىسىلا بار بولۇپ، بىز بۇنىڭ بىرى، دۇنيا بويىچە 80% ئەتراپىدىكى بازار ئۈلۈشىنى ئىگىلەيمىز».

گۇەن يى ئايلىنىۋاتقان تولۇق ئاپتوماتىك ئايلانما لوڭقىلىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پاختىنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «قاراڭ، بۇنىڭدا پاختا پىلتىسىدىن بىۋاستە يىپ ئېگىرىشكە بولىدۇ، ھالقىسىمان ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ھۈنەر - سەنئىتىدىكى پاختا پىلتىسىدىن يىرىك يىپ ئېگىرىشتىن، ئىنچىكە يىپ ئېگىرىشكىچە، ئاندىن يىپ يۆگەشكىچە بولغان ئۈچ باسقۇچ ھازىر بىر باسقۇچتىلا تاماملىنىدۇ، بىر مىنۇتتا 300 مېتىر يىپ ئېگىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئون ھەسسە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئۈسكۈنە بۇ يىل 3-ئايدا جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتتا يەرلىكلەشتۈرۈپ ياسالغان بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى ئۈسكۈنە ھېسابلىنىدۇ!»

بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدۇقكى، ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان جابدۇق ياسىمچىلىقى كارخانىلىرى كۆرگەزمە قىلغان ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ تېخنىكا تەركىبى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن. چەت ئەلدە ياسالغان مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان سودىگەرلەر كۆرگەزمە قىلغان مەھسۇلاتلاردىن قارىغاندا، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان، ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى يەر شارىۋى يۈزلىنىشكە ئايلانغان. «شىنجاڭدىكى ياسىمچىلىق كارخانىلىرىمۇ تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ياسىمچىلىق كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتتى، ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە كۆرگەزمە قىلىنغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرىنىڭ تېخنىكا تەركىبى بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ» دېدى گۇەن يى.

گېرمانىيە ئېيمارك كۆرگەزمە زالىدا، ئەڭ يېڭى ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىغا ئىگە رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان ئىستانوك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. گۇەن يى كۆرگەزمە سۈپىتىدىكى دانە - دانە يادرولۇق زاپچاس كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇنى گېرمانىيەدىكى 140 نەچچە يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە كونا ياسىمچىلىق سودىگىرى ياسىغان، ياۋروپادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان ئىستانوك ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. باۋما، بېنچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار ياسىغان ئىستانوكلارنى ئىشلىتىدۇ، ئوخشاشلا، يۇقىرى دەرىجىلىك توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئەڭ نازۇك ئىستانوك ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك، بىزمۇ بۇ كارخانىنىڭ ئىستانوكىنى تاللىدۇق».

«بۇ نېمىدېگەن ياخشى تېخنىكا، جۇڭگو كارخانىلىرى قاچان بۇنداق سەۋىيەگە يېتەلەيدۇ؟» سورىدى مۇخبىر.

«ئىستانوك تېخنىكىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، چەت ئەلنىڭ تېخنىكىسى بىرقەدەر پىشقان، جۇڭگو كارخانىلىرى، بولۇپمۇ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ۋاقتى قىسقا، ياسىمچىلىقتا تېخنىكا جەھەتتىن ھالقىشقا ۋاقىت جۇغلانمىسى كېتىدۇ، بىزنىڭ چەت ئەلدىكى چوڭ كارخانىلار بىلەن بولغان ئەڭ چوڭ پەرقىمىز دەل تېخنىكا جۇغلانمىسىدا. بىراق، بىزنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمىزمۇ ناھايىتى تېز، بەزى ساھەلەردە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتۇق، بۇ ئىلغار توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىسى ھۈنەر - سەنئىتى تېخنىكىسىنى بىز ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ ياسىغان» دېدى گۇەن يى.

پاراڭلاشقاچ مۇخبىرلار گۇەن يىغا ئەگىشىپ ئىسپانىيەنىڭ بىر جابدۇق ياسىمچىلىقى كۆرگەزمە ئورنىغا كەلدى، گۇەن يى بىر جابدۇق ياساش ئۈسكۈنىسىنىڭ زاپچىسىنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: جولاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش جەريانىدا، يەر شارى بويىچە ئەڭ ئىلغار ئىستانوك كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھالقىلىق زاپچاسلىرىمۇ يەر شارى مىقياسىدىن تاللاندى، بۇ كارخانىنىڭ زاپچاسلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تاللاشلىرىدىن بىرى. «بۇنىڭدىن كېيىن، كارخانا ئۆزىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى زاۋۇتتا ياسايدۇ. بىر - ئىككى يىلدا، بۇ قېتىم تۇنجى كۆرگەزمە قىلىنغان پۈتۈن ئاپتوماتلاشقان ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسىنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ياساش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ» دېدى گۇەن يى.

گۇەن يى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايون، يەر شارى دائىرىسىدە توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى سىياسەت تۈپلىمى ۋە كەڭ بازارغا ئىگە، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان توقۇمىچىلىق جابدۇقلىرى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كەسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا. بۈگۈنكى كۈندە، جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدار زاۋۇتى مەۋقەنى شىنجاڭغا قويۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ۋە «جۇڭگو — پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى»نىڭ بازىرىنى قاپلىدى ھەم تىرىشىپ يۇقىرىدا دېيىلگەن رايونلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان توقۇمىچىلىق يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنە، تېخنىكىلىرىنى ئېچىش، مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىشتىكى يېتەكچى ۋە باشلامچى كارخانىغا ئايلاندى.

گۇەن يىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ، مۇخبىرلار «شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ياسىمچىلىقى»نىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئېنىق ۋە مەزمۇت ئۆرلەۋاتقان ئەگرى سىزىقىنى كۆرگەندەك بولدى.